# ھەجنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى ۋە ئۇنىڭ ۋاجىب بولۇشىنىڭ شەرتلىرى

[ الأويغورية - ئۇيغۇرچە - uyghur ]


پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد ئىبنى سالىھ ئەلئۇسەيمىن

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: نىزامىددىن تەمكىنى



2013 - 1434

IslamHouse.com

# مكانة الحج في الإسلام وشروط وجوبه

« باللغة الأويغورية »

فضيلة الشيخ محمد بن صالح العثيمين

ترجمة: سيف الدين أبو عبد العزيز

مراجعة: نظام الدين تمكيني

2013 - 1434

IslamHouse.com

# ھەجنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى ۋە ئۇنىڭ ۋاجىب بولۇشىنىڭ شەرتلىرى

41949- نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

ھەجنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى قانداق؟ ھەج ئىبادىتى كىملەرگە پەرز بولىدۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

بەيتۇللاھقا كېلىپ ھەج تاۋاپ قىلىش ئىسلام ئاساسلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «ئىسلام بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئۇلارنىڭ بىرىنچىسى: ئاللاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ مەبۇد بەرھەق يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىش. ئىككىنچىسى: نامازنى بەرپا قىلىش. ئۈچىنچىسى: زاكات بېرىش. تۆتىنچىسى: رامىزان روزىسىنى تۇتۇش. بەشىنچىسى: ھەج قىلىش.» [بۇخارى رىۋايىتى].

ھەجنىڭ پەرزلىكى ئاللاھنىڭ كىتابى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىككە كىلىشى بىلەن بىكىتىلگەن بولۇپ، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلِلَّهِ عَلَى النَّاسِ حِجُّ البَيْتِ مَنِ اسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلاً

﴿وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ اللَّهَ غَنِيٌّ عَنِ العَالَمِينَ﴾ تەرجىمىسى: «قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن (يەنى ھەججىنى تەرك ئېتىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگە)، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا جاھان ئەھلىنىڭ ئىبادەتلىرىدىن بىھاجەتتۇر.» [سۈرە ئال-ئىمران 97-ئايەت].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەج توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا سىلەرگە ھەج قىلىشنى پەرز قىلدى، ھەججنى ئادا قىلىڭلار.» [مۇسلىم رىۋايىتى].

بارلىق مۇسۇلمانلار ھەججنىڭ پەرز ئىكەنلىكى شۇنداقلا دىندا ئادا قىلىش زۆرۈر بولغان ئىبادەتلەردىن ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كەلگەن. مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ياشاپ، ھەججنىڭ پەرز ئىكەنلىكى ئىنكار قىلغان كىشى كاپىر ھېسابلىنىدۇ. ئەمما سەل قاراپ، ھورۇنلۇق قىلىپ تەرك قىلىدىكەن مەنۋى تەرەپتىن خەتەرلىك ھالەتتە بولۇپ، ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ بەزى ئالىملارنىڭ، بۇنداق كىشىنىمۇ كاپىر بولىدۇ دەپ قارايدىغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. ئەمما كۈچلۈك قاراشتا شەرئى ئىبادەتلەر ئىچىدە نامازدىن باشقا ئەمەلنى ھورۇنلۇق قىلىپ تەرك قىلغان كىشى كاپىر ھېسابلانمايدۇ.

تابىئىنلاردىن: ئابدۇللاھ ئىبنى شەقىق رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئىبادەتلەر ئىچىدە نامازدىن باشقا ئەمەلنى تەرك قىلغان كىشىنى كاپىر دەپ قارىمايتتى".

ھەج ئىبادىتىگە سەل قاراپ، ھورۇنلۇق قىلىپ ئادا قىلماي ئۆلۈپ كەتسە كۈچلۈك قاراشتا كاپىر ھېسابلانمىسىمۇ ئەمما ئاقىۋىتى ياخشى ئەمەس.

مۇسۇلماننىڭ ئاللاھ تائالادىن قورقۇپ، پەرز ھەجنى ئادا قىلىشنىڭ شەرتلىرى تولۇقلانسا تېزدىن بۇ ئىبادەتنى ئادا قىلىشقا ئالدىرىشى لازىم بولىدۇ.

ئوچۇق ھۆكۈم بولمىغان ئەھۋالدا ھەممە ئىبادەتنى تېزدىن ئادا قىلىش زۆرۈر بولىدۇ. بەيتۇللاھقا بېرىپ ھەج قىلىش ئىمكانىيىتى تۇرۇپ، بۇ ئىبادەتنى ۋاقتىدا ئادا قىلماي مۇسۇلماننىڭ كۆڭلى قانداقمۇ ئارام تاپىدۇ؟!. كېلەر يىلى ھەرەمگە بارالامدۇ ياكى باشقا ئۆزگىرىش بولامدۇ بۇنى بىلمەيدىغان تۇرسا قانداقمۇ ھەجنى كېچىكتۈرىدۇ؟!. بۇ يىل قادىر بولالىسا، كېلەر يىلى بەزى سەۋەبلەردىن قادىر بولالماسلىقى مۇمكىن. كېسەل بولۇپ قېلىشى، ئىقتىسادتىن ئايرىلىپ قېلىشى، بەلكى ھەجگە بېرىشقا شارائىتى ھازىرلىنىپ، كېچىكتۈرگەن ۋاقىتتا ئۆلۈپ كېتىشى، شۇنداقلا ۋارىسلىرى سەل قاراپ ئۇ كىشى ئۈچۈن ھەجنى ۋاقتىدا ئادا قىلماسلىقى مۇمكىن.

مۇسۇلماندا تۆۋەندىكى بەش تۈرلۈك شەرت تېپىلسا ئۇ كىشى ئۈچۈن ھەج قىلىش پەرز بولىدۇ:

1ـ مۇسۇلمان بولۇشى كېرەك. كاپىرغا ھەج قىلىش پەرز بولمايدۇ. ئەگەر كاپىر ئىمان ئېيتماستىن ھەج قىلىدىكەن ئۇنىڭ قىلغان ھەججى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

2ـ بالاغەتكە يەتكەن بولىشى كېرەك. بالاغەتكە يەتمىگەنلەرگە ھەج قىلىش پەرز ئەمەس. بالاغەتكە يەتمىگەن ۋاقتىدا قىلغان ھەج

نەپلە بولىدۇ، پەرز ھەجنى بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن قايتىدىن ئادا قىلىدۇ چۈنكى بالىغ بولۇشتىن ئىلگىرى قىلىنغان ھەج بىلەن گەردىنىدىن پەرز ھەج ساقىت بولمايدۇ.

3-ئەقلى-ھۇشى جايىدا بولىشى كېرەك. ئەقىلسىز كىشىگە ھەج قىلىش پەرز بولمايدۇ ۋە ئەقلى يوق ھالەتتە قىلىنغان ھەجمۇ ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ھەج قىلىنمايدۇ.

4-ھۆر بولۇش كېرەك. قۇللارغا ھەج قىلىش پەرز ئەمەس. قۇللۇق ھالىتىدە قىلىنغان ھەج نەپلە بولىدۇ. قۇللۇقتىن ئازات قىلىنغاندىن كېيىن پەرز ھەجنى قايتىدىن قىلىدۇ، چۈنكى قۇللۇقتىن ئازات بولۇشتىن ئىلگىرى قىلغان ھەججى پەرز ھەج ھېسابلانمايدۇ.

بەزى ئالىملار: قۇللار خوجايىنىنىڭ رۇخستى بىلەن ھەج ئىبادىتىنى ئادا قىلسا بۇنىڭ بىلەن پەرز ھەج ئادا بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ كۈچلۈك قاراشتۇر.

5-ھەج قىلىش ئۇچۇن بېرىپ-كەلگۈچە يەتكۇدەك ئىقتىسادى بولۇش، تەن-سالامەتلىكى ياخشى بولۇش كېرەك. ئايال كىشى ئۇچۇن يەنە بىرگە بارىدىغان مەھرەم بولۇش كېرەك. مەھرىمى بولمىغان ئايالغا ھەج پەرز بولمايدۇ. [پەزىلەتلىك شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ پەتىۋالىرى9- توم 11-21-بەتلەر].

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.